## شى جىنپىڭ ئارمىيەنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتنىشىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# ئۇدا جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ كېيىنكى باسقۇچلۇق ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىل كەلكۈن مەزگىلى كىرگەندىن بۇيان، 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىگە قەدەر، ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى ۋە ھەربىي كومىتېتنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، جەمئىي 1 مىليون 200 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچ چىقىرىپ، 300 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق خەلق ئەسكىرىنى تەشكىللەپ، 17 ئۆلكىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە قاتناشتى، 170 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىنى يۆتكىدى، يار ئېلىپ كەتكەن ۋە سۇ تېشىپ چىققان 3900دىن ئارتۇق جاينى ئەتتى، 900 كىلومېتىردىن ئارتۇق توسمىنى مۇستەھكەملىدى، 350 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنى جىددىي رېمونت قىلىپ راۋانلاشتۇردى.

شى جىنپىڭ دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىل كەلكۈن مەزگىلى كىرگەندىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئېغىر كەلكۈن، ھۆلچىلىك ئاپىتى كۆرۈلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى ئالاقىدار تەرەپلەر ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاپەت رايونىدىكى خەلق ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئارمىيەمىزدىكى قىسىملار باتۇرلۇق بىلەن ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئېلىپ، قەيسەرلىك بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىنىڭ باسقۇچلۇق مۇھىم، زور غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. خەلق ئارمىيەسى پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ، بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، خەتەرگە قاراپ ئاتلىنىپ، ئاچقۇچلۇق پەيتتە زەربىدار ئەترەتلىك رولىنى جارى قىلدۇردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئارمىيەدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار يەرلىك بىلەن بىرلىكتە كەلكۈن ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئەسكەرنى ئىلمىي ئىشلىتىشى، ئەسكەرنى دەل جايىدا ئىشلىتىشى كېرەك. ۋەزىپە ئۆتەش قىسىملىرى ياخشى ھالەتنى ساقلاپ، خەۋپ ـ خەتەر يوشۇرۇن خەۋپىنى ۋاقتىدا رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنى كۈچلۈك تەشكىللەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىشى كېرەك. قىسىملارنى قاتتىق تەربىيەلەپ، باشقۇرۇپ، ئارمىيەمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، خەلق ئارمىيەسىنىڭ ھەيۋەتلىك قوشۇن، مەدەنىي قوشۇنلۇق ياخشى ئوبرازىنى تىكلەش كېرەك. بۇ قېتىمقى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئارمىيەمىزنىڭ رەھبەرلىك، قوماندانلىق تۈزۈلمىسى، قىسىملارنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى ھالىتى ۋە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋار روھى، ئارمىيە ـ ھۆكۈمەت، ھەربىي ـ خەلق مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە نىسبەتەن ئەمەلىي سىناق بولۇپ، خۇلاسىنى ياخشى قىلىپ، بىر جەڭ قىلىپ بىر قەدەم ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان نۇرغۇن ئىش ئىزلار بارلىققا كەلدى، بۇ يېڭى جانلىق دەرسلىكلەردىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈش، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

شى جىنپىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق پۈتۈن ئارمىيەنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ياخشى تۇتۇش توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلەشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا كۈچلۈك، تەرتىپلىك تۈرتكە بولۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ 2020 ـ يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى قەتئىي ئورۇنداش كېرەك. خەۋپ ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەسكەرلەرنى مەشقلەندۈرۈپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ، ئەھۋالغا يولۇققاندا ئاتلىنالايدىغان، غەلىبە قىلالايدىغان بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئارمىيەمىز قۇرۇلۇشىنىڭ «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانى ئۈتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈش، سىياسەت، تۈزۈم ئىسلاھاتى قاتارلىق مۇھىم نۇقتىلىق خىزمەتلەرگە قارىتا، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىدىيەۋى ـ سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئاساس سېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئارمىيەنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئارمىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قىسمىنىڭ يۇقىرى مەركەزلەشكەن بىردەكلىكى ۋە بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

جاڭ يوۋشيا قاتارلىقلار پائالىيەتكە قاتناشتى.



8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، مەھەللە كادىرلىرى ۋە پىدائىيلار كارتون سۈرىتى سىزىلغان مۇداپىئە كىيىملىرىنى كىيىپ ئاھالىلەرگە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى يەتكۈزمەكتە.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى

## سەممىي كۆيۈنىمىز، دوختۇرلارنى ھۆرمەتلەپ، سەھىيەگە ئەھمىيەت بېرىمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىغان 4000دىن ئارتۇق «ئائىلىلىك يەتكۈزۈش سومكىسى» بىرىنچى سەپتە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان كەڭ ئايال تېببىي خىزمەتچىلەرگە يەتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لىشيا مۇنداق بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئائىلىلىك سۆزى، ئائىلىلىك دەرسى، ئائىلىلىك سومكىسى، ئائىلىلىك ئىشنى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت «تۆتنى يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن كۈچى بىلەن تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلىسىگە مۇلازىمەت قىلىپ، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش، ئائىلە مۇلازىمىتى، ياشانغانلار ۋە بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، دەرسكە يېتەكچىلىك قىلىش، پسىخىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئائىلىلىك يەتكۈزۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، چىن ھېسسىيات، چىن قەلب بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بىرىنچى سېپىدىكى ئايال تېببىي خىزمەتچىلەرگە ئائىلىلىك يەتكۈزىدۇ.

جەڭچىلەر ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتتى، كۆيۈنۈش بىر دەقىقىمۇ توختاپ قالمىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى گۇەن ئەيجۈن مۇنداق دېدى: دوختۇرخانا «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بويىچە قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بىرىنچى سەپتىكى داۋالاش ئەترىتى ئەزالىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش» خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، «بىرگە بىر» كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش، دەل جايىدا ئالاقىلىشىش مۇلازىمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، داۋالاش ئەترىتى ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئېھتىياجى، خىزمەت، تۇرمۇش ۋە ساغلاملىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقى ۋە مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ ھەم ئىنكاس قىلىنغان قىيىنچىلىق، مەسىلىلەرنى تۇرمۇتۇر ھەل قىلىپ تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ھەربىر ئائىلىلىك يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى ئارقىلىق، بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خىزمەتچىلەرنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەتكە ئاتلىنىشقا ئىلھاملاندۇردى.

قارامايى شەھىرى مايتاغ رايونى تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي ماھارىتى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىنچىك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇدا ئون يىل «ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى، ئىش ئورنىدا چېنىقتۇرۇش» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، ھەر ئايدا يەنە مەخسۇس ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش ئېلىپ باردى. قارامايى شەھىرى مايتاغ رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن لىپى مۇنداق دېدى: «بىز تېببىي خادىملارنى تەربىيەلەشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، تېخىمۇ ياخشى كەسپ مۇھىتى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم خىزمەت قىلىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق شارائىت يارىتىمىز».

تولى ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى گۈلناز قاسىمقان مۇنداق دېدى: باش شۇجىنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەنئەنىۋى تاراتقۇلار بىلەن يېڭى تاراتقۇلارنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى، يۇغۇرما تاراتقۇ مەركىزى قاتارلىق سۇپىلارنىڭ ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ ھاياتلىقنى قەدىرلەيدىغان، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىدىغان، ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت يەتكۈزىدىغان ئالىيجاناب روھىنى ھەر تەرەپلىمە تەشۋىق قىلىپ ۋە خەۋەر قىلىپ، تىرىشىپ پۈتۈن جەمئىيەتتە دوختۇرلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، سەھىيەگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىياتنى يارىتىمىز.

ئۈرۈمچى شەھىرى خېشۈن گۈللۈكى ئولتۇراق رايونىنىڭ ئاھالىسى نۇربىيە ئوسمان مۇنداق قارىدى: دوختۇرلارنى ھۆرمەتلەش ھاياتلىقنى ھۆرمەتلەشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، كەڭ تېببىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش ئۆزىمىزگە كۆيۈنگەنلىك. «بىز دوختۇرغا كۆرۈنگەندە، دوختۇرلارنى كۆپرەك ھۆرمەتلىشىمىز، ئۇلارغا كۆپرەك ئىشىنىشىمىز كېرەك، شۇندىلا دوختۇرلارغا كۆيۈنىدىغان، دوختۇرلارنى ئاسرايدىغان، دوختۇرلارنى قوللايدىغان ئاكتىپ كۈچنى مۇجەسسەملىگىلى بولىدۇ».

**(مۇخبىر لى ياڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار يۈ مېڭرەن، جاڭ يەنفاڭ، لياڭ لىخۇا، گې يوۋجۈن، جاڭ يۈنمېي، مېھرىگۈل غوپۇر، ئىختىيارىي مۇخبىر جاڭ بىڭ)**

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

## مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرى ئەتراپىتىكى مۇھىتقا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جىڭ بو خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇدىرى رۇي باۋلىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىلىۋاتقانلار ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلار ئەمەس، شۇنداقلا گۇمانىي ئاغرىق مىسالىمۇ ئەمەس، پەقەت كېسەللىك مىسالىغا مۇناسىۋەتلىك ئاشكارىلىنىش تارىخى ياكى ئۇچرىشىش تارىخى بارلار بولۇپ، يۇقۇملىنىش ئېھتىماللىقى بار. بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بۇ كىشىلەرنى بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش ھۆكۈمەتنىڭ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قوللانغان زۆرۈر تەدبىرى.

مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىدا، تېببىي خادىملار ھەر كۈنى مۇھىت ۋە تۈرلۈك بۇيۇملارنى ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك دېزىنفېكسىيە قىلىدۇ، كەسپىي خادىملار ئايرىۋېتىلگەنلەرنىڭ سالامەتلىكىنى كۆزىتىپ ئۆلچەيدۇ، نورمالسىزلىق بايقالسا، بىرىنچى ۋاقىتتا داۋالاش ئاپپاراتىغا يۆتكەپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىدا ھاسىل بولغان تۇرمۇش ئەخلەتلىرى قاتتىق كەسپىي دېزىنفېكسىيەلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، بەلگىلەنگەن نۇقتىغا توشۇلىدۇ، ئەتراپىتىكى مۇھىتقا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، شۇنداقلا ئەتراپىتىكى ئاھالىلەرنىڭ تەن ساغلاملىقىغا تەھدىت پەيدا قىلمايدۇ.

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى ئاساسلىقى ۋىرۇسنىڭ تۈكۈرۈك چاچراندىلىرى ئارقىلىق تارقىلىشى ۋە ئۇچرىشىش ئارقىلىق تارقىلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ، جەزمەن قان، بەدەن سۇيۇقلۇقى، شۆلگەي، تۈكۈرۈك چاچراندىلىرى قاتارلىق ۋاستىلەردىن ئۆتىدۇ، يۇقۇملانغۇچى بىلەن يېقىن ئارىلىقتا پاراڭلاشمىسا، بىللە غىزالانمىسا ياكى يۇقۇملانغۇچى چۈشكۈرگەن تۈكۈرۈك چاچراندىلىرى قاتارلىقلار بىلەن ئۇچراشمىسا، ئادەتتە يۇقمايدۇ. كۆپچىلىك ئەندىشە قىلىۋاتقان ئايېروزوللۇق تارقىلىش ھادىسىسىگە قارىتا، جەزمەن ئۈچ شەرتنى ھازىرلىغاندا ئاندىن يۈز بېرىدۇ، بىرىنچى، بىرقەدەر يۇقىرى ۋىرۇس قويۇقلۇقى بولۇش؛ ئىككىنچى، نىسبەتەن ھىم مۇھىتتا بولۇش؛ ئۈچىنچى، بىرقەدەر ئۇزاق ۋاقىت ئۇچراشقان بولۇش.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قەشقەر كىچىك ئايلانما تورى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. بۇ يىل، 750 كىلوۋولتلۇق ئاساسىي تور رامكىسى بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى قاپلىغان، ترانسفورموتور سىغىمچانلىقى 62 مىليون كىلوۋولت ئامپېرغا، لىنىيە ئۇزۇنلۇقى 8260 كىلومېتىرغا يەتكەن.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 750 كىلوۋولتلۇق ئېلېكتىر تورىنىڭ توك يەتكۈزۈش لىنىيەسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ترانسفورموتور سىغىمچانلىقى، قاپلاش كۆلىمى بىردەك زور دەرىجىدە ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيگەن 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش لىنىيەسى 3500 كىلومېتىر. «نۆۋەتتە، 750 كىلوۋولتلۇق ترانسفورموتور سىغىمچانلىقى ‹12 ـ بەش يىل›نىڭ ئاخىرىدىكىدىن بىر قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ترانسفورموتور سىغىمچانلىقىنىڭ ئېشىشى توك كۈچى يۈكى ئېشىشىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كەلدى، ئېلېكتىر تورىنىڭ بىخەتەر يۈرۈشۈش سەۋىيەسى ۋە توك بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، بۇ، چەت، ياقا ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئېلېكتىر تورى ئاجىز بولۇش، پەسلىك، مەزگىللىك توك يېتىشمەسلىك قىيىن مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، شۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا كېرەكلىك ئېنېرگىيە تەمىناتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى» دېدى دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەتقىقات يۇرتى يىرىك پىلان باھالاش مەركىزىنىڭ مۇدىرى سۇڭ شىنيۇ.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئېلېكتىر تورى ئالاھىدە يۇقىرى بېسىمدا، يىراق مۇساپىدە، زور سىغىمدا شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزىدىغان يېڭى دەۋرگە كىرىپ، شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە بايلىقى ئەۋزەللىكىنى ئايلاندۇرۇشقا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

## شىنجاڭ نېفىتلىكى دىشى 331 قۇدۇقتىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سانائەت نېفىت ـ گاز ئېقىمىغا ئېرىشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سېلىنمىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قۇدۇق ئورنىنى ئۆلچەش، يۇقىرىغا يوللاشتىن ئىلگىرىكى تۈر ئورۇنلاشتۇرۇش، تەرتىپ لايىھەش، قۇدۇق مەيدانىنى ياساش قاتارلىق ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تېزدىن تەشكىللىدى. 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، بۇ قۇدۇق ئۇچۇشلۇق بۇرغىلاندى، بۇرغىلاش جەريانىدا بۇ قۇدۇقنىڭ نىشان قاتلىمى بولغان تاش كۆمۈر دەۋرى قاتلىمىدا نېفىت ـ گازنىڭ ناھايىتى جانلىق ئىكەنلىكى بايقالدى. 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، دىشى 331 قۇدۇقنى بۇرغىلاش ـ سىناشنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش تاماملىنىپ، تېز سۈرئەتتە ئۈسكۈنە ئورۇنلاشتۇرۇش، تۆشۈك ئېچىش، بېسىم ئارقىلىق يېرىش، سىناق ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق قۇرۇلۇش مەشغۇلاتى باسقۇچىغا كىردى.

بۇ قۇدۇقتىن سىناق قىلىپ نېفىت ئېلىش خىزمىتى يۇقۇم مەزگىلىگە توغرا كەلگەچكە، ئۈسكۈنە، خادىم، ماتېرىيال توشۇشقا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى، شىنجاڭ نېفىتلىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ھەرقايسى تەكشۈرۈش پونكىت نۇقتىلىرى بىلەن پائال ماسلىشىپ، ماددىي ئەشيا، خادىملارنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ ئۇچۇشلۇق يۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، تۈرلۈك ئۈسكۈنە، قۇرۇلۇش ئەترىتى خادىملىرىنىڭ قۇدۇق مەيدانىغا ۋاقتىدا يېتىپ كېلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، ئاخىرىدا 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بۇ قۇدۇقنى بېسىم ئارقىلىق يېرىش، ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، ئەسلىدىكى پىلاندىن ئىككى كۈن بۇرۇن تاماملىدى. 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كەچ سائەت 22دە، بۇ قۇدۇق ئېچىلىپ سۇيۇقلۇق قايتۇرۇلدى، 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى گاز چىقتى، 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى نېفىت چىقتى، 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، توققۇز مىللىمېتىرلىق نېفىت ئېغىزى سىناق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، كۈندىلىك نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى.

بۇ قۇدۇقتىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سانائەت نېفىت ـ گاز ئېقىمىغا ئېرىشىش بۇ رايوننىڭ ياخشى بولغان نېفىت ـ گاز چارلاپ ـ تەكشۈرۈش يوشۇرۇن كۈچىنى نامايان قىلدى. كېيىنكى قەدەمدە، شىنجاڭ نېفىتلىكى بۇ قۇدۇقنىڭ كېيىنكى باسقۇچلۇق سىناق قىلىپ نېفىت ئېلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، زاپاسنى ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش جېڭىنى سىجىل ياخشى قىلىپ، 2020 ـ يىللىق نېفىت زاپىسىنى باھالاش خىزمىتىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەشكىللەيدۇ.